شىنجاڭ گېزىتى

2020- يىل 11- ئاي
20
جۈمە
维吾尔文 11 月20日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25251- سان بۈگۈن 4 بەت

«شى جىنپىڭ بىلەن داشۆ ئوقۇغۇچىسى دوستلار» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى «شى جىنپىڭ بىلەن داشۆ ئوقۇغۇچىسى دوستلار» يېقىندا جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

بۇ كىتابتا 25 پارچە سۆھبەت ئەمەلىي خاتىرىسى ئارقىلىق، 1983 - يىلى 12 - ئايدىن 2019 - يىلى 7 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، يولداش شى جىنپىڭنىڭ خېبېي جېڭدىڭ، فۇجيەن، جېجياڭ، شاڭخەيدە ۋە مەركەزگە كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن بۇيانقى داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، سىردىشىش ھېكايىسى بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭ ياشلار، بولۇپمۇ داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىغا باشتىن - ئاخىر بىردەك ئېتىبار بەرگەنلىكى، كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، غەمخورلۇق قىلغانلىقى ئەينەن خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتاب باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ياشلار خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتىكى جانلىق ئوقۇشلۇق بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى ياشلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، زامانىمىز ياشلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۈچ قوشۇشتا مۇھىم ئۈلگە كۆرسىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

شى جىنپىڭ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى سودا - سانائەت رەھبەرلىرى سۆزلىشىش يىغىنىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بېيجىڭدا سىن شەكلىدە ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى سودا - سانائەت رەھبەرلىرى سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم «يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرايلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەپ، دۇنيانىڭ ئايرىلماس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ۋە دۇنيانىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى دۆلەتلەر مەنپەئەتىنىڭ زىچ باغلانغانلىقىنى، دۇنيانىڭ ئايرىلماس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ھەمراھلىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، سىياسەت جەھەتتىكى ئالاقە ۋە ماسلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تەڭپۇڭ، سىغدۇرۇشچان ئېشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي تەرىپى ئۆزگەرمىدى. بىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىمىز.

بىرىنچى، بىز ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرىمىز. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېھتىياج تەمىناتنى يېتەكلەيدىغان، تەمىنات ئېھتىياجنى يارىتىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرىمىز.

ئىككىنچى، بىز پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى بەرپا قىلىمىز. يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ زەنجىرى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز. (ئاخىرى 2- بەتتە)

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا سىن شەكلىدە ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى سودا - سانائەت رەھبەرلىرى سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم «يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرايلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشچىسى، نەزەرىيە ئەمەلىيەتنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى. دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇپ، جەزمەن ئىلمىي نەزەرىيەنى يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنى كۈچەيتىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئىدىيەۋى نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى ياخشى يەكۈنلەپ، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى مۇساپىسى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلەپ ئۆتتى، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، «11دە چىڭ تۇرۇش» ئارقىلىق يېڭى دەۋردە دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ (ئاخىرى 2- بەتتە)

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك

لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، دىنلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدەپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىندا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز، ئابدۇشۈكۈر رەخمىتۇللا، ياڭ جىيى، مەمەتئىمىن ئابلىز، جى رىبىن، چېن شياۋمىڭ، نۇرشات راشىدىن، ۋاڭ خۇڭ، سۇي خېبىن، بايقېن قاسقىنباي، مۆھتەرەم شىرىپجان قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى، كۈتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىم سۇغۇرتىسى، تۆۋەن كاپالەت ۋە ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرۈش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، (ئاخىرى 3- بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيەلىك كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى ——

شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرىمىز، ئەمەلىيلەشتۈرىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى يېڭى دەۋردە شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇرۇپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى چېن لىبى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى يېڭى دەۋردە شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ مىزانى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى قىلىپ، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىمىز. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، ۋاقىت جەدۋىلى، (ئاخىرى 4- بەتتە)

لى پېڭشىن ئاپتونوم رايون مائارىپ سىستېمىسىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

ئومۇمىي يىغىن روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن ئاپتونوم رايون مائارىپ سىستېمىسىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. (ئاخىرى 3- بەتتە)

ئاۋاتتا ۋارىسلىق قىلىش شەجەرىسى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ئامبىرى قۇرۇلدى

قوغداش + ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تېخىمۇ كۆركەملەشتى

5 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، خەلق سەنئەتكارلىرى ئاۋات ناھىيەسىدىكى دولان مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلىش مەركىزىدە رېپېتىتسىيە قىلماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جىڭ بو، جوۋ پېڭ، جاۋ چاڭفۇ** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاۋات ناھىيەسى پۈتۈن ناھىيە بويىچە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش شەجەرىسىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئاۋات ناھىيەسىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش شەجەرىسى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ئامبىرىنى قۇرۇپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيىتىگە ئۈنۈملۈك ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى قوغدىدى.

ئاۋات ناھىيەسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر مەشرىپى (شىنجاڭ ئۇيغۇر دولان مەشرىپى) دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇيغۇر دولان مۇقامى، ئۇيغۇر دولان راۋابى سەنئىتى، ئاۋات ئۇيغۇر مۇسەللەس ئېچىتىش تېخنولوگىيەسى قاتارلىق سەككىز تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ ناھىيەدە ھازىر دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسىدىن بىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسىدىن تۆتى بار. (ئاخىرى 4- بەتتە)

سكانېرلاپ سىنتى كۆرۈڭ